# چىن دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ياخشى «بالا»

## ـــ 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە «خەلق رازى بولغان مەمۇر» ئوسمانجان تۇرسۇن توغرىسىدا

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

**خەلق رازى بولغان مەمۇر**

□ مۇخبىرىمىز دۇ جيەنخۇي

«بۈگۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن!» دېدى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بۈگۈر ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئوسمانجان تۇرسۇن. بۇ كۈنى، ئۇ 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە «خەلق رازى بولغان مەمۇر» دېگەن نامغا ئېرىشىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

ئوسمانجان ساقچى بولغان 24 يىلدا، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كورلا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى چارلاش ساقچى چوڭ ئەترىتى، ئاساسىي قاتلام ساقچىخانىسى قاتارلىق تارماقلاردا خىزمەت قىلدى. 2015 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئوسمانجان بۈگۈر ناھىيەسىگە كېلىپ خىزمەت قىلدى.

ئۇزاق مۇددەت چارچىغاچقا، ئوسمانجاننىڭ بەل مۇسكۇلى ئېغىر دەرىجىدە زورۇقۇپ زەخىملىنىپ، دائىم چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىيتتى، بىللە ئىشلەۋاتقان خىزمەتداشلىرى ئۇنى داۋالىنىشقا كۆپ قېتىم دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دائىم خىزمەت بېسىققاندا ئاندىن بىر گەپ بولار، دەيتتى.

بىر خەلق ساقچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىتى ئۇنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتتى، ئىش بېجىرگىلى كەلگەن ئاممىغا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ زور تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ھەقىقىي ھېسسىياتى، چىن دىلى بىلەن ياردەم بەردى، ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى.

2015 ـ يىلى، ئوسمانجان زىيارەت قىلىش جەريانىدا قارىغۇچىسى يوق ياشانغان ئەن مومايىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، كۈندىلىك تۇرمۇشىدا نۇرغۇن قولايسىزلىقلارنىڭ بارلىقىنى بىلدى. ئوسمانجان تەشەببۇسكار ھالدا ئەن موماي بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقان بولۇپ، ۋاقتى چىقسىلا بېرىپ بەزى قۇربى يېتىدىغان ئىشلارنى قىلىشىپ بەردى، بەزىدە مومايىنى يوقلاپ قايتىدىغان چاغدا يەنە تۇيدۇرماي بىرنەچچە يۈز يۈەن قويۇپ قويدى. 2018 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئەن موماي تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزگەندە، ئۇ ئالايىتەن بىر چوڭ تورت سېتىۋالدى، بۇ، ئىلگىرى تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ باقمىغان ئەن مومايىنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈردى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى، ئەتراپتىكى قوشنىلار ئەن مومايغا: سىز بەك بەختلىك ئىكەنسىز، مۇشۇنداق ياخشى بىر ئۇيغۇر «بالىڭىز» بار ئىكەن، دېدى.

2017 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئىككى جىنايەت گۇماندارىنى تۇتقاندا، جىنايەت گۇماندارى مەيXنىڭ خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى ھەم دادىسىنىڭ يېڭىلا قازا قىلىپ، ئىككى گۆدەك بالىسىنىڭ مومىسى نەيX بىلەن بىللە ياشايدىغانلىقىنى بىلدى. ئوسمانجان 5000 يۈەن خەجلەپ ئالاقىدار بۇيۇملارنى سېتىۋېلىپ، بوۋاينىڭ دەپنە ئىشلىرىنى ياردەملىشىپ بىر تەرەپ قىلىشىپ بەردى.

نەيX ئائىلىسى ئانچە باياشات بولمىغاچقا، ئوسمانجان پات ـ پات گۈرۈچ، ئۇن، ياغ ئېلىپ بېرىپ يوقلاپ، مومايغا ھەمراھ بولۇپ، مۇڭدىشىپ، سىردىشىپ تۇردى. نەيXنىڭ كەچتە ھاجەتخانىغا چىقىشىنىڭ قولايسىز ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، مەخسۇس ھويلىغا يېقىن يەرگە مومايغا بىر ھاجەتخانا سېلىپ بېرىپ، مومايىنىڭ تۇرمۇشىدىكى قولايسىزلىقنى ھەل قىلدى.

ئائىلىسىدىكىلەر توغرىسىدا پاراڭلاشقاندا، ئوسمانجان يان تېلېفونىنى چىقىرىپ مۇخبىرغا ئوغلى ئەۋەتكەن يۈز جاۋۇرنىڭ يۇندى يولىنى رېمونت قىلىۋاتقان سىننى كۆرسەتتى. «ئوغلۇم چوڭ بولدى! مەن بۈگۈر ناھىيەسىگە كېلىپ ئىشقا چۈشكەن چېغىمدا ئوغلۇم تېخى يەسلىدە ئىدى، ھازىر ئوغلۇم ئاپىسىغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەلەيدىغان بولدى!» ئوسمانجاننىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى، سۆزلىرىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى چىقىپ تۇراتتى.

ئوسمانجان 24 يىلدىن بۇيان ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى» «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى» قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى، ئىككى قېتىم 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، ئۈچ قېتىم 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بىر كومپارتىيە ئەزاسى، بىر خەلق ساقچىسىنىڭ مۇقەددەس قەسىمىنى چۈشەندۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قالتىس تاماملاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەن ئوسمانجان مۇنداق دېدى: «باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا، مەملىكەت بويىچە خەلق رازى بولغان مەمۇر دېگەن نامغا ئېرىشكەنلىكىمدىن ئىنتايىن شەرەپ ھېس قىلىمەن، مەن ئاڭلىق ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ قەتئىي ئىجراچىسى، سادىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىسى بولۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممەمگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئۆز خىزمەت ئورنۇمدا تېخىمۇ ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىمەن».

---

**گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى**

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاساسىي مېلودىيەسىنى ياڭرىتايلى

□ ئاقتۇ ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بەكتۇر مەمەت يۈسۈپ

مەن بىر قىرغىز مىللىتى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىمدا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ئۇلۇغ پارتىيە ۋە ئۇلۇغ ۋەتەن بولمىسا، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولمايتتى، ئىناق ـ ئىتتىپاق بولغان مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋەزىيىتى بولمايتتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىشى ۋە بەختلىك تۇرمۇشى بولمايتتى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى باشتىن ـ ئاخىر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈشىدىكى ئاساسىي مېلودىيە بولۇپ كەلدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى، ئائىلىمىزدىكىلەر بىر چوڭ قورۇدا ئولتۇراتتى، خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق قوشنىلىرىمىز بولۇپ، ئاتا ـ ئانام ئۇلار بىلەن ناھايىتى ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتەتتى. دادام دائىم بىزگە «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا» «بىز ھەر مىللەت ھەممىمىز قېرىنداش ئاكا ـ ئىنى، ئاچا ـ سىڭىللار» دەيتتى.

باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، بىز بىرنەچچە كىچىك دوست قوشنىمىز لى مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدە ئوغلى بىلەن بىللە تاپشۇرۇق ئىشلەشنى، بىللە ئويناشنى ياخشى كۆرەتتۇق، ھازىرغىچە ھەممىمىز ناھايىتى ياخشى دوست. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغاندا ۋە خىزمەتكە چىققاندا، مەن يەنە باشقا مىللەتتىن بولغان تېخىمۇ كۆپ دوستلار بىلەن تونۇشتۇم، ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش جەريانىدا، ھەر مىللەت دوستلار ئارىسىدا ئەڭ مۇھىمى ئۆزئارا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ تەلىم ـ تەربىيەسىدە، بىز ئەۋلادلار «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ئىدىيەسىگە باشتىن ـ ئاخىر ۋارىسلىق قىلدۇق، 2 ـ سىڭلىم چوڭ بولغاندىن كېيىن خەنزۇ ئەرگە ياتلىق بولۇپ، بېيجىڭدا ئولتۇراقلىشىپ يىلتىز تارتتى. چوڭ قىزىم مېنىڭ تەسىرىمدە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئارزۇ تولدۇرغاندا شاڭخەي تۇڭجى داشۆسى قارمىقىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاللىدى، بۇ ئىككى يىلدا ئۇ خۇنەن، ئەنخۇي قاتارلىق بىرقانچە ئۆلكە، شەھەردىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە باردى. يېقىندا بىز تېلېفوندا سۆزلەشكەندە، ئۇ خۇشال ھالدا ماڭا بۇ يىل يازلىق تەتىلدە ئىچكىرىدىكى ئىككى خەنزۇ دوستىنىڭ شىنجاڭنى كۆرگىلى كېلىدىغانلىقىنى، بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ مېھمان بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى، مەن بەك خۇشال بولدۇم. ئائىلىمىزدىكى ئۈچ ئەۋلاد كىشىلەر «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئۆزئارا ئايرىلالمايدۇ» دېگەن ئىدىيەنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدۇق. دەل مۇشۇنداق ئىناق ـ دوستانە، ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان، ئۆزئارا سىڭىشكەن كەچۈرمىش كىشىلىك ھاياتىمنى زور دەرىجىدە بېيىتتى.

يېڭى تارىخىي دەۋردە، مەن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا مەركەزنى چۆرىدەپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، بۈيۈك ئىتتىپاقلىق، بۈيۈك بىرلىشىشكە نۇقتىلىق كۈچەپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار ـ ئاممىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش مەسئۇلىيىتىنى ئاڭلىق زىممىگە ئېلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار ـ ئامما بىلەن بىرلىكتە، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاساسىي مېلودىيەسىنى ياڭرىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى شىنجاڭ تۇپرىقىدا دائىم پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرىمەن.

---

# بۇ يىلنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاممىۋى ئاپپاراتلار تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرىدۇ

مۇخبىرىمىز ۋېي خۇڭپىڭ خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئۈرۈمچى شەھىرى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى بېسىپ تارقاتتى، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شەھەرگە قاراشلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ھەمدە ئۇلارغا قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلار، مەكتەپلەر قاتارلىق ئاممىۋى ئاپپاراتلار تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

لايىھەدە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى رايونلۇق، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىن قائىدە ـ تۈزۈم ئورنىتىش، ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلەش، تەشۋىق ـ تەربىيە، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشنى بىرلەشتۈرۈش، ئومۇمىي خەلق قاتنىشىش ئارقىلىق، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىشنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى تەدرىجىي كېڭەيتىپ، قانۇنچىللىقنى ئاساس قىلغان، ھۆكۈمەت تۈرتكە بولىدىغان، ئومۇمىي خەلق قاتنىشىدىغان، شەھەر، يېزىلار بىرتۇتاش پىلانلايدىغان، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرىدىغان ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىش تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش؛ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى باشلامچىلىق بىلەن ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىشنى يولغا قويۇش ۋە ھەرقايسى رايون(ناھىيە)لار ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇش ئارقىلىق بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن شەھەردىكى شەھەرگە قاراشلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ھەم ئۇلارغا قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلار، مەكتەپلەردە تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى باشلامچىلىق بىلەن باشلاپ، ئەخلەتلەرنى مەجبۇرىي تۈرگە ئايرىش ئۆلچەم تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاشخانا ئەخلەتلىرى، يىغىۋېلىشقا بولىدىغان نەرسىلەر، زىيانلىق ئەخلەتلەر، باشقا ئەخلەتلەر قاتارلىقلارنى تۈرگە ئايرىپ تاشلاش، تۈرگە ئايرىپ يىغىۋېلىش، تۈرگە ئايرىپ توشۇش، تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىشنى يولغا قويىدۇ ھەم ئەخلەتلەرنى مەجبۇرىي تۈرگە ئايرىشنى باشقا ئاممىۋى ئاپپاراتلار ۋە ئالاقىدار كارخانىلارغىچە تەدرىجىي كېڭەيتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى باشلامچى بولىدىغان، پۈتۈن جەمئىيەت قاتنىشىدىغان ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىش ياخشى ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، شەھەرلىك سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى قاتارلىق ساھەلەردىكى مەسئۇل تارماقلار ئۆزىگە قاراشلىق ساھەلەردىكى ئاممىۋى ئاپپاراتلارنىڭ ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتىنى تەشكىللەش، يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ، ئۆزىگە قاراشلىق ساھەلەرنىڭ تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىش خىزمەت لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ، تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىش ئەسلىھە ـ ئۈسكۈنىلىرىنى ئىستاتىستىكىلاش، سېتىۋېلىش، تارقىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ ھەم تۈرگە ئايرىش ئاساسىي تىزىملىك دەپتىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىسلاھات پرىنسىپى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە قارىتا مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، بۇنىڭدىكى مەقسەت پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق تىرىشىپ ئاپپارات فۇنكسىيەسى جەھەتتىن پارتىيەنىڭ بارلىق خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىشتىكى تۈزۈلمە ـ مېخانىزم مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش شارائىتىدا دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدا پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلات ئاپپارات فۇنكسىيەسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىك قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇشنى مۇكەممەل، كۈچلۈك بولغان تۈزۈلمە ـ مېخانىزم كاپالىتى، مۇستەھكەم تەشكىلىي ئاساس ۋە ئۈنۈملۈك خىزمەت سىستېمىسى بىلەن تەمىنلەپ، پارتىيەنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈمىنىڭ يەنىمۇ كۈچىيىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلۇغ كۆرەش ئېلىپ بېرىش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش قىلىش، ئۇلۇغ ئىشنى ئالغا سىلجىتىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم، زور ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تېخىمۇ ياخشى زىممىگە ئېلىش ئۈچۈندۇر.

بۇ قېتىمقى پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتى يۈكسەكلىكىدىن چىقىش قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرما، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى بىر مەيدان چوڭقۇر ئۆزگىرىش. باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ قېتىمقى ئاپپارات ئىسلاھاتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، باشتىن ـ ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇق، كۆرسەتمىلەرنى بېرىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. قىسقىغىنا بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، 19 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىندا ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان ئىسلاھات ۋەزىپىسى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملىنىپ، بىر قاتار مۇھىم نەزەرىيە نەتىجىلىرى، تۈزۈم نەتىجىلىرى، ئەمەلىي نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئىسلاھاتتىن كېيىن، پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلەشتى، پارتىيەنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قوغدايدىغان ئاپپارات فۇنكسىيە سىستېمىسى تېخىمۇ تاكامۇللاشتى، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى تېخىمۇ راۋان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولدى، مەركەزدىن تارتىپ يەرلىككىچە يۈرۈشلۈشى راۋان، ھاياتىي كۈچكە تولغان خىزمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىندى، پارتىيەنىڭ ئارمىيەگە، قوراللىق ساقچى قىسىمغا، جامائەت خەۋپسىزلىكىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك بولدى.

بۇ قېتىمقى پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە بولغان بىر قېتىملىق سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك قايتا قۇرۇش، ئىسلاھات سالمىقىنىڭ زورلۇقى، تەسىر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، چېتىلىدىغان مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى ئاز كۆرۈلىدۇ، لېكىن ئىسلاھاتنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشى كۈچلۈك، ئىنتىزامى قاتتىق، نەتىجە ـ ئۈنۈمى پۇختا بولدى. بۇ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدىن كەلگەن، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا شەكىللەنگەن ياخشى سىياسىي كەيپىياتتىن كەلگەن، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، راۋان بولغان ئىسلاھات رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ۋە خىزمەت مېخانىزمىدىن كەلگەن بولۇپ، پارتىيەنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى. ئەمەلىيەت پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا دائىر ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى، پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە ـ ئۈنۈمنىڭ تۈپ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

پارتىيە ئەڭ ئالىي سىياسىي رەھبەرلىك كۈچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مۇستەھكەم رەھبەرلىك يادروسى. بۇ قېتىمقى پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا تەشكىلىي قۇرۇلمىنى قايتا قۇرۇش تاماملانغان، ئاپپاراتلارنىڭ فۇنكسىيەسىنى تەڭشەش ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن پەقەت «يۈزەكى» مەسىلىلەرلا ھەل قىلىندى، ھەقىقىي تۈردە «خىمىيەلىك رېئاكسىيە» پەيدا قىلىشتا يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەپ، پارتىيەنىڭ مۇھىم، زور خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يۆنىلىشنى ئىگىلەش، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزلەش، سىياسەت بېكىتىش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىدارى ۋە ئىرادىسىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنى كۈچلۈك تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلىشتا ئاچقۇچ پارتىيەدە. بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھازىر قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ياراتقان پايدىلىق شارائىتتىن ياخشى پايدىلىنىپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتنىڭ پۇختا، ئىنچىكە، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يېڭى، تېخىمۇ زور مۆجىزىلەرنى يارىتايلى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**